# شى جىنپىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دوستلۇقنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيەدىن ئىبارەت ئىككى قوشنا دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ كەلگەنلىكىنى جانلىق شەرھلەپ بەردى، مەن بۇنى ئالقىشلايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، تېزدىن ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بىز مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خۇبېيغا مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئاكتىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تامامەن ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار ھەم كۆزىمىز يېتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. بىز ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ، دەل جايىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، ئىچكى ئېھتىياج بوشلۇقى كەڭ، كەسىپ ئاساسى مۇستەھكەم، بىز بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز، بولۇپمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى تۇتىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولىدۇ، ھەم يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىدا مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. بىز ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۇق. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق موڭغۇلىيە دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا ئورتاق، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، رايون ۋە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش دوست قوشنىلار. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، باشتىن ـ ئاخىر موڭغۇلىيە دۆلىتىنى جۇڭگونىڭ ئەتراپ دىپلوماتىيەسىنىڭ مۇھىم يۆنىلىشى قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى مۇستەھكەملەپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

باتتۇلگا موڭغۇلىيە دۆلىتى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ۋاقتىدا قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقى ھەم پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىگە يۈكسەك قايىل بولغانلىقى ۋە ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باتتۇلگا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار، موڭغۇلىيە دۆلىتى خەلقى جۇڭگو خەلقى باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، مۇشۇنداق جاپالىق پەيتتە جۇڭگو خەلقى بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشنى خالايدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ دۆلەت ئىچىدە «مەڭگۈلۈك قوشنا، قەلبلەرنى ئۇلىتىدىغان مەدەت» ھەرىكىتىنى قوزغاپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللاش ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. موڭغۇلىيە تەرەپ بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو تەرەپنى ئىئانە پۇلى بىلەن تەمىنلىگەن ئاساستا، يەنە جۇڭگو تەرەپكە 30 مىڭ قوي ھەدىيە قىلىپ، موڭغۇلىيە دۆلىتى خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى چوقۇم يۇقۇمنى بالدۇرراق توسۇپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بېكىتىلگەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانلىرىنى ئورۇنداپ، دۆلەتنىڭ ئاسايىشلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ چىڭ تۇرغان يېقىن ئۆتۈش، سەممىي بولۇش، نەپ يەتكۈزۈش، كەڭ قورساق بولۇشتەك ئەتراپ دىپلوماتىيەسى قائىدىسىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ئۆزئارا قوللاشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، باتتۇلگا يەنە شى جىنپىڭغا موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپكە 30 مىڭ قوي ھەدىيە قىلغانلىق گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇردى.

ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار سۆھبەتلىشىشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئاكتىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن بولۇۋاتىدۇ، باشقا ئالاقىدار رايونلاردا يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈش خەۋپ ـ خەتىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى بوشاشتۇرماي، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى باشقۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇم ئەھۋالى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىگىلەپ، ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئەۋزەللىكىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك سىياسىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لار ئاچقۇچلۇق رول ئوينىشى كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ تەلەپ قىلغاندەك، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، بارلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان، ھەرقانداق دۈشمەنگە باش ئەگمەيدىغان قورقماس ئىنقىلابىي جاسارەت بىلەن، باتۇرلارچە ئاۋانگارت بولۇپ، زەربىدار بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستلىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك؛ مەسئۇلىيەتچانلىقنى چوقۇم كۈچەيتىپ، ئەسلى مەقسەتنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز ئورنىدا ئۆز خىزمىتىنى ئويلاپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، پائال رول ئوينىشى كېرەك؛ مېھربانلىقنى چوقۇم كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى سىردىشى بولۇپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ھەل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى كېرەك؛ ئېھتىياتچانلىقنى چوقۇم كۈچەيتىپ، خەۋپ ـ خەتەر ئامىللىرىغا قارىتا تۆۋەن چەك تەپەككۇرىغا ئىگە بولۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئاخىرغىچە تۇتۇپ، تاكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە ھەر ۋاقىت بوشاشماسلىقى، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىقى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ھەم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش جاسارىتىگە، ھەم ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پاراستىگە ئىگە بولۇپ، ھەم بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىردىگە، ھەم تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، كۆڭۈلنى تۇختىتىپ، كەمتەر بولۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قاتلام، دەرىجىگە ئايرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ، بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەلگەن ئەمەس، ئىزچىل تۈردە تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەش ئالدىدا، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، بىز پەقەت قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يەڭسەكلا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىلمىي، دەل جايىدا بولۇش كېرەك. رايونلارغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا پەرقلىق بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەھەللە، كەنت ـ گۇرۇپپىلار ۋە نۇقتىلىق سورۇن، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى دەل جايىدا ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئالاھىدە سورۇنلار ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇداپىئەلىنىش تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆتۈنۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، باللار پاراۋانلىقى، روھىي ساغلاملىق بويىچە داۋالاش قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تېخىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتچىلەر، داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن تاشلاندۇقلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدىغان خادىملار، ھەم، يېپىق بوشلۇقتا مۇلازىمەت قىلىدىغان خادىملار قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇداپىئەلىنىشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، كلىنىكىلىق داۋالاشنىڭ توغرىلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ تېببىي خادىملارنى قوغداش، كۆيۈنۈش، ئاسراشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كەم ـ كۈتسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىجىل ساغلام ھالەتتە يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەل جايىدا، پۇختا بولۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ زور چەكتە تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈش تەرتىپىنى ئورنىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىلانلاپ، ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىپ، توردا ئىش بېجىرىش، توردا تەستىقلاش قاتارلىق يوللاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمىتىنىڭ قولايلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، كارخانىلار، بولۇپمۇ كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشقا، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىش كېرەك؛ ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

تۆتىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۆز قەدەملىدە تاماملاش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈر مەبلىغى ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغىنى مايىللاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرى، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا تەرتىپلىك قايتىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

بەشىنچى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە كۆرستىدىغان تەسىرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاشلىق»، «كۆك ـ تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سەھىيە ـ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە پسىخىكىلىق يېتەكلەشنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ھەل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە تېرىلغۇ تەييارلىقىدا تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، يېتەكچىلىك، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، قوللاش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش، تەمىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى تۇتۇپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى ۋە ھايۋانات كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قانۇن بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بىخ خاراكتېرلىك، خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، يۇقۇمغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشكە مۇھىت يارىتىش كېرەك.

سەككىزىنچى، خىزمەت ئىستىلىنى داۋاملىق ياخشىلاش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، قاتلاممۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك؛ بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، «خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ»، دىيالېكتىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، مېتودولوگىيەدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئاساسىي زىددىيەتنى ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپىنى تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قاتتىق توسۇپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ياخشى يۆنىلىش تۇرغۇزۇپ، خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىمتىھاندا پارتىيە ۋە خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىندا مۇنۇلار كۆرستىلدى: بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل، ھەم ئېشىپ قالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يېڭى قىيىنچىلىق ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، «تۆت ئاڭ»نى ئەمەلىيەتتە كۆرستىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يېقىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىلمىي، پائال تاقابىل تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن زىياننى تولۇقلاش، ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. نامرات ئائىلىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ئارزۇسى ۋە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ئەمگەكچى كىرگۈزىدىغان جايدىكى كارخانىلار بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى ھازىرلاپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا تەرتىپلىك قايتىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى تەڭشەپ يۆتكەش، زاپاس ساقلاشنى كۈچەيتىپ، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىنى تەرتىپلىك، ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە ئېتىزغا چىقىشقا، تارقاق ئەمگەك قىلىشقا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش كېرەك. ناھىيەنى بىرلىك قىلىپ نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس پوكەيلەر، تاللا بازارلىرىغا كىرگۈزۈشكە تەشكىللەپ، «ئالاقە تورى+» قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. توردا بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، بىرلىشىپ تەستىقلاش، توردا مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە مەدەتنى كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئاز سوممىلىق قەرزنى قايتۇرۇش مۆھلىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىپ، مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇشى، كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، يۆلەشكە ئالدىن ئىشلىتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى نامرات ئاممىنىڭ داۋالىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سەۋەبلىك تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغان نامرات ئاممىنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ، ياردەم بېرىپ، ئاساسىي تۇرمۇشىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېقىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئېغىر نامرات رايونلاردا ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، تۈر قۇرۇلۇشى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ۋە داۋالاش كاپالىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، پۇختا ئىشلەش ئىستىلى ئارقىلىق پۇختا تۇتۇپ، كەشتە تىكىش ماھارىتى ئارقىلىق ئىنچىكە تۇتۇپ، مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككى قول قاتتىق بولۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى قىلماسلىق، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كارخانىلار يۇقۇمنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك ئېغىر، زور زىيانغا ئۇچرىسا ياكى ئېغىر زىيان تارتسا، باج تاپشۇرۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرى ئۆي ـ مۈلۈك بېجى، شەھەر ـ بازار يەر ئىشلىتىش بېجى تاپشۇرۇش قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىشنى ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ قىيىنچىلىقى بار يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قارىتا، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلاردىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش نىسبىتى 3%تىن 1%كە چۈشۈرۈلىدۇ؛ يەككە «قوش مۇقىم سودا ـ سانائەتچى» يۇقۇم مەزگىلىدە تىجارەت قىلغان، لېكىن تىجارەت كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى 20%تىن ئاشقان بولسا، ئېلېكترونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ باج ئىشلىرى APPسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مەسئۇل باج ئىشلىرى ئورگىنىغا بېكىتىلگەن سوممىنى كېمەيتىپ تەڭشەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

باج ئىشلىرى تارماقلىرى باج تاپشۇرغۇچىلار، ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ كەسىپ بېجىرىش ئېھتىياجىغا قارىتا، ئۇچراشماسلىق شەكلىدىكى دەل جايىدا بولغان مۇلازىمەتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردۇ؛ باج بېجىرىش، ھەق تاپشۇرۇش مۇلازىمەت سورۇنلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن ۋاقىتىنچە تاقىۋېتىلسە، تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئىش ئورنى تەسىس قىلىپ، تور سىرتىدا تولۇق كاپالەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارنىڭ باج بېجىرىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتىپ قاندۇرىدۇ؛ «ئالاقە تورى+نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، دەل جايىدا بولغان خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە باج ئىشلىرى تەكشۈرۈشنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى باج مۇھىتى يارىتىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)